# 7865 - شەۋۋالنىڭ ئىپيدىكى ئالتە كۈنلۈك روزىنى ھەر يىلى تۇتۇش كېرەكمۇ؟

## سوئال

شەۋۋال ئىپيدىكى ئالتە كۈنلۈك روزىنى تۇتۇپ كېلىۋاتقان بىر كىشى تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدى ياكى مەلۇم بىر چەكلىمگە ئۇچرىدى ياكى ھورۇنلۇق سەۋەبىدىن بىر يىلى بۇ روزىنى تۇتمىغان بولسا، ئۇ كىشى گۇناھكار بولامدۇ؟ چۈنكى بىز بىر قېتىم شەۋۋال ئىپيدىكى روزىنى تۇتسا بۇ روزا شۇ كىشىگە ۋاجىپ بولىدۇ، تەرك قىلمايدۇ؟ دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھېيت كۈندىن كېيىن شەۋۋالنىڭ ئالتە كۈنلۈك روزىسىنى تۇتۇش سۈننەت بولۇپ، بىر قېتىم ياكى بىر قانچە قېتىم شەۋۋالنىڭ ئالتە كۈنلۈك روزىسىنى تۇتقان كىشى ئۈچۈن بۇ روزىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋاجىپ ئەمەس، شۇنىڭدەك تۇتالماي قالغان كىشىمۇ گۇناھكار بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابە كىراملىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.